# ئىسلام دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ، زاكاتنى ئادا قىلىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتىشىڭ ۋە يول چىقىملىرىغا قادىر بولالىساڭ ھەج-تاۋاپ قىلىشىڭ

ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز ئاپپاق كىيىم كەيگەن، چاچ-ساقاللىرى قاپقارا، سەپەرنىڭ ئەسىرىمۇ يوق، ئارىمىزدىن ھېچ بىر كىشى تونۇمايدىغان بىر كىشى كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا يىقىن قىلىپ، ئىككى قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: « ئىسلام دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ، زاكاتنى ئادا قىلىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتىشىڭ ۋە يول چىقىملىرىغا قادىر بولالىساڭ ھەج-تاۋاپ قىلىشىڭدېدى»، ئۇ كىشى: راست ئېيتتىڭ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز ئۇ كىشىنىڭ سوئالنى ئۆزى سوراپ ۋە ئۆزىنىڭ تەستىق قىلغانلىقىدىن ھەيران قالدۇق، دېدى. ئۇ كىشى: ماڭا ئىمان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئىمان دېگەن: سېنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، بارلىق كىتابلىرىغا، بارلىق ئەلچى-پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر دېدى»، ئۇ كىشى: راست ئېيتتىڭ دېدى. ئۇ كىشى: ماڭا ئېھسان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ دېمەكتۇر» دېدى. ئۇ كىشى: ماڭا قىيامەت توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورالغۇچى قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇچىدىن بەكرەك بىلگۈچى ئەمەس دېدى». ئۇكىشى: ئۇنداقتا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن: دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغىدۇ، يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ، كەمبەغەللەرنىڭ ئېگىز بىنالارنى سېلىشى قاتارلىقلاردۇر، دېدى». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۇ كىشى كەتتى، مەن ئازراق تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا:« ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دېدى»، مەن: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن ئۇ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، سىلەرگە سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى دېدى».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلار بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ سۈرىتىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن: ئۇنىڭ كىيىملىرى ئاپپاق، چاچ-ساقاللىرى قاپقارا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېرىپ-چارچاش، چاڭ-توزاڭ، كىيىملىرى كىر ۋە چاچلىرى چۇۋۇق دېگەندەك سەپەردىن كەلگەنلىك ئالامەتلىرىمۇ يوق ئىدى، سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچ بىرى ئۇنى تونۇمايتتى، ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىلىپ، ئوقۇغۇچى ئۇستازنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام توغرىسىدا سوئال سورىدى،

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: ئىسلام ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىش، بەش ۋاقىت نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، زاكاتنى ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قادىر بولغان كىشى ھەج قىلىش قاتارلىق ئاساسلاردىن جاۋاپ بەردى، سوئال سورىغۇچى: راست ئېيتتىڭ دېدى، ساھابىلار ئۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن سوراپ، جاۋاپ بەرسە بىلىدىغاندەك تەستىق قىلغانلىقىدىن ھەيران قالدى، ئاندىن ئۇ كىشى ئىمان توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: ئىمان ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلىقىغا، ئۇنىڭ بارلىق ئىسىم-سۈپەتلىرىگە، يارىتىش ۋە ئىبادەت قىلىشتىكى يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ نۇردىن ياراتقان، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمايدىغان، بۇيرىقىنى ئىنژچىل ئىجرا قىلىدىغان ئېسىل بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، ئاللاھ تائالا ئۆز ھوزۇرىدىن پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان قۇرئان، تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلىرىغا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەر-پەيغەمبەرلەرگە يەنى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، بۇنىڭ جۈملىسىدىن: ئۆلگەندىن كىيىن قەبىردە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار، بەرزەخ ھاياتى، ئىنسانىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشى، قىلغان ئەمەللىرىگە كۆرە ھېساب ئىلىنىشى، ئىنسانىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ جەننەتتە ياكى دوزاختا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلىم ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويۇنچە نەرسىلەرنى بىكىتكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىرنى يازغانلىقىغا ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ خالىشى، تەقدىر قىلغان ۋە ياراتقىنى بويىنچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاندىن ئۇ كىشى ئېھسان توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ: «ئېھسان دېگەن گوياكى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرىدىغان دەرىجىگە يەتمىسەڭمۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئالى مەرتىۋە كۆرۈش بۇ ئەڭ يۇقىرىسى. ئىككىنچى دەرىجىلىك ئالى مەرتىۋە كۈزۈتۈش. (ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش). ئاندىن ئۇ كىشى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام قىيامەتنىڭ ئىلمىنى بىلىش بولسا ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان، مەخلۇقاتلاردىن ھېچ بىرى بىلمەيدىغان ھەتتا سوئال سورىغۇچىمۇ ۋە سورالغۇچىمۇ بىلمەيدىغان ئىلىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇ كىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: دېدەكلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ياكى ئەۋلادلارنىڭ ئانىلىرىنى قاقشىتىپ ئۇلارغا خۇددى دېدەكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ئاخىر زاماندا قوي باقىدىغان پادىچى، كەمبەغەللەرگە دۇنيانىڭ كەڭرى بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئالى قەسىر ۋە ئىگىز بىنالارنى سىلىپ پەخىرلىنىدىغانلىقى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دېدى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام سوئال سورىغۇچىنىڭ جىبرائىل ئەلەيهىسسالام ئىكەنلىكى، ساھابىلارغا بۇ دىنىنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/4563

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee